ئىسلام سوئال جاۋاپ تورى
بۇ سەھىپىنىڭ ئۇرغۇچى ۋە نازارەتچىسى
پەزىلەتلىك شەيخ مۇھەممەد سالىھ ئەلمۇنەججىد

# 13617 - تەراۋىھ نامىزىنى ئۆيدە ئوقۇش ۋە روزا تۇتقان ھالەتتە بەدەن ۋە يۈزگە ماي چېپىش توغرىسىدا

## سوئال

مۇسۇلمان كىشىنىڭ تەراۋىھ نامىزىنى ئۆيدە ئوقۇشى توغرا بولامدۇ؟، ئەگەر توغرا بولسا قانچە رەكئەت ئوقۇيدۇ؟، بۇ نامازدا ئوقۇلىدىغان ئايرىم دۇئا بارمۇ؟. روزا تۇتقان ھالەتتە بەدەن ۋە يۈزگە ماي ئىشلەتسە روزىغا تەسىرى بولامدۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

تەراۋىھ نامىزى ئەرلەر ئۈچۈن رامىزاننىڭ كېچىلىرىدە مەسچىتتە ئوقۇش يولغا قويۇلغان، بۇ توغرىدا پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **«نامازنى ئىمام بىلەن بىرگە ئوقۇپ قايتقان كىشىگە كېچىدە قىيامدا تۇرغاننىڭ ئەجىر-ساۋابى يېزىلىدۇ.»** [تىرمىزى رىۋايىتى 806-ھەدىس. شەيخ ئەلبانى رەھمەھۇللاھ تىرمىزىنىڭ سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمىدا سەھىھ دەپ كەلتۈرگەن].

شۇنداقتىمۇ ئەگەر ئەر كىشى تەراۋىھ نامىزىنى ئۆيدە ئوقۇسا ئۇ كىشىگە گۇناھ بولمايدۇ، ئوقۇغان نامىزى توغرا بولىدۇ، ئەمما رامىزاندىن باشقا ۋاقىتلاردا كېچىلىك نامازنى ئۆيدە ئوقۇش يولغا قويۇلغان.

ئاياللارغا نىسبەتەن نامازنى ئۆيدە ئوقۇش ياخشى، ئەگەر مەسچىتتە ئوقۇشنى مەقسەت قىلسا بۇنىڭدىن چەكلەنمەيدۇ. بۇ توغرىدا پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **«ئاياللارنى مەسچىتكە بېرىشتىن چەكلىمەڭلار، ئۇلار ئۈچۈن ئۆيدە ناماز ئوقۇش ياخشىدۇر.»** [ئەبۇ داۋۇت رىۋايىتى 567-ھەدىس. شەيخ ئەلبانى رەھمەھۇللاھ سەھىھ دېگەن].

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **«ئاللاھنىڭ قۇللىرىنى ئاللاھنىڭ مەسچىتىدىن چەكلىمەڭلار.»** [بىرلىككە كەلگەن ھەدىس. بۇخارى رىۋايىتى 900 -ھەدىس. مۇسلىم رىۋايىتى 442-ھەدىس].

ئەمما رامىزاندا يۈزگە ۋە بەدەنلىرىگە ماي چاپسا بۇ چەكلەنمەيدۇ. بۇ توغرىدا 2299- نومۇرلۇق سوئالنىڭ جاۋابىغا مۇراجىئەت قىلىنسۇن.

ئاللاھ تائالا ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.